# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
14
شەنبە
维吾尔文 12 月14日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24909 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ماكرونىزىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پانۇئېلو بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيې)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا ماكرونىزىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پانۇئېلو بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ پانۇئېلونىڭ جۇڭگو بىلەن ماكرونىزىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 30 يىل بولغان پەيتتە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال كۈچ چىقارغانلىقى، بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلغانلىقىنى ماختىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپچىللىك ۋە زومىگەرلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد خىزمىتى تەھلىل قىلىندى، تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەر ئەستايىدىل خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ بىزنىڭ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىزدا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، بۇ يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تەستە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەندى، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئاساسلىق نىشانى، سىياسەت يۆنىلىشى ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلەر چوڭقۇر شەرھلەندى، بۇ، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە تۈپ مىزان. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشتىكى ئاساسىي يۈزلىنىش ئۆزگەرمىدى

## ـــ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىش، بۇ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى.

ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، دۇنيانىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاندى، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە داۋاملىق ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇپ، پۈتۈن يىللىق يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى كۆزلىمە نىشانىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتىن ئۈمىد بار. ئىقتىسادىي قۇرۇلما داۋاملىق ئەلالاشتى، ئىلغار ياسىمىچىلىق، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك بىر قەدەر تېز ئاشتى، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسىنىڭ تۇنجى لېكسىيەسى سۆزلەندى

**مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ئۆگىنىشىدە يەنە يېڭى ئىزدىنىش بولدى، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسىنىڭ تۇنجى لېكسىيەسى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا سۆزلەندى. قۇربان نىياز، چېن بىڭيى، پاك زىجيەن، يىۋ لياڭيىڭ قاتارلىق تۆت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ باش تېما نۇتقى سۆزلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن چوڭ دەرسخانا پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسىنى تەسىس قىلىش ۋەكىللەر خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ جايغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى(شەھىرى) دەپ نام بېرىلدى

## توققۇز ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى(ئورنى) دەپ نام بېرىلدى

**مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)دىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قومۇل شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى(شەھىرى)» دەپ نام بەرگەن؛ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى، تېكەس ناھىيەسىنىڭ قارادالا بازىرى، ئۈرۈمچى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى(ئۈرۈمچى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە گۇرۇھى)، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى جىيەنكۇن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، قەشقەر ۋىلايىتى پوسكام ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقتۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى، تۇرپان مۇزېيى قاتارلىق توققۇز ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى(ئورنى)» دەپ نام بەرگەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا تەشەببۇسنامە چىقاردى

## ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى تۇتۇش» سۇيىقەستىنى قەتئىي تارمار قىلىمىز

3 ـ بەتتە

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى　ترانسپورت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيدى

# شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى ـ يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى



12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىن بورتالاغا قاتنايدىغان C8785 قېتىملىق «يېشىل گىگانت ئادەم» پويىزى ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى. بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ـ كورلا يول بۆلىكىدە «يېشىل گىگانت ئادەم» ئوق پويىز گۇرۇپپىسى پويىزى تۇنجى قېتىم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ «گۈللىنىش ناملىق پويىز» دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. □ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

**مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كۆپلىگەن تۆمۈريول لىنىيەسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن تىجارەت باشلىنىپ، پويىزنىڭ قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن، ترانسپورت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئالدىنقى 11 ئايدا، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى 41 مىليون 467 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18%كە يېقىن ئاشقان، يۈك توشۇش مىقدارى 138 مىليون توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22% ئاشقان، يولۇچى ـ يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈريوللار ئىچىدە بىردەك ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قارامايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتا «گۈللىنىش ناملىق» سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىرلىق رىتىمكا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئوق پويىز گۇرۇپپىسى پويىزى قاتنىدى. «ئەڭ تېز بولغاندا ئىككى سائەت 33 مىنۇتتا ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدۇ، ئىلگىرىكىدىن 50 نەچچە مىنۇت تېجەلدى» دېدى يولۇچى تاڭ جۇڭيا.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئۈرۈمچىدىن كورلا، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق يۆنىلىشلەرگە سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىرلىق رىتىمكا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئوق پويىز گۇرۇپپىسى پويىزى قاتنىدى، شىنجاڭ تۆمۈريولى «گۈللىنىش ناملىق پويىز» دەۋرىگە كىردى. نۆۋەتتە، «گۈللىنىش ناملىق پويىز» يېتىپ بارغان ناھىيە ـ شەھەر 14كە يەتتى، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلىپ بەرپا قىلغان

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ ـــ

# شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياخشى قوغداشقا ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز بار

ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، قارا چاپلاپ، ئۆزىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق زومىگەرلىك قىلمىشى ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات مۇساپىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياخشى قوغداشقا ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز بار.

### شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

«پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭغا خالىغانچە تۆھمەت قىلىپ، قارا چاپلاش قىلمىشى مۇقەررەر كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ!» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (مۇئاۋىن يۈەنجاڭى)، تەتقىقاتچى ھەبىبۇللا سالام مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىدىكى ئاشۇ يامان غەرەزلىك سىياسەتۋازلار ئاق ـ قارىنى قانچە ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغانسېرى، بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە شۇنچە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئەسقەر تۇرسۇن مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا خالىغانچە قارا چاپلىدى، بۇ، تېررورىزمغا مەدەت بەرگەنلىك، يامانغا يانتاياق بولغانلىق بولۇپ، ئاقىۋەتتە باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)